ئابدۇلجېلىل تۇران

# ھەج قائىدىلىرى

1995 - يىل ئىستانبۇل

ئابدۇلجېلىل توران

# ھەج قائىدىلىرى

1995 - يىل ئىستانبۇل

مۇقەددىمە ................................................ 2

ھەج كىملەرگە پەرز بولىدۇ ........................ 8

ھەج تۈرلىرى ۋە ھەج قىلىش ۋاقتى................. 10

ئۆمرە قىلىش ئۇسۇلى................................. 11

ھەجنىڭ پەرزلىرى...................................... 13

ھەجنىڭ ۋاجىپلىرى.................................... 16

ھەجنىڭ پەرز- ۋاجىپلىرى ئوتتۇرسىدىكى پەرقى..... 17

ھەجنىڭ سۈننەتلىرى.................................. 18

ئېھرام ئىچىدە ساقلىنىشقا تېگىشلىك

مەسىلىلەر ............................................. 19

ھەجنىڭ پەزىلەتلىرى.................................. 21

ھەج قىلىش ئۇسۇلى..................................... 23

ھەرەمگە كىرىش........................................ 26

سەئيى قىلىش............................................ 27

ئەرەپاتتا تۇرۇش........................................ 28

مەدىنە مۇنەۋۋەرىنى زىيارەت قىلىش.................. 33

## مۇقەددىمە

بىز ھەر يىلى ئۆرۈق - تۇققان قولۇن - قوشنا، تونۇش - بىلىشلىرىمىزنىڭ ھىجازغا بېرىپ خوشال قايتىپ كەلگەنلىگىنى كۆرىۋاتىمىز. ياكى ئاڭلاۋاتىمىز. ئۇلار ھىجازدا ( سەئۇدى ئەرەبىستاندا) نىمە ئىشقىلىدۇ؟ ئۇلار مەككىگە بارىدۇ. ئۇ يەردە كەبە - بەيتۇللاھ‘ بولۇپ ھاجىلار مەككىگە يىتىپ كەلگەن ھامان كەبىنى تاۋاپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ يىنىدا ناماز ئوقۇيدۇ. ئاللاھ‘غا دۇئا قىلىدۇ. ئاللاھ‘دىن رەھمەت تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىشلار زۇلھەججە ئېيىنىڭ باشلىرىدا بولۇپ، زۇلھەججەنىڭ 9 - كۈنى بولغاندا ھەج قىلغۇچىلار ئەرەپات تېغىغا چىقىدۇ. يۈزمىڭلىغان ھاجىلار ئەرەپات تېغىدا ئاللاھ‘غا تەھلىل ۋە تەكبىر ئېيتىدۇ. يەنى



« لَاَاِلٰهَ اِلَّااللّٰه وَاللّٰهُ اَكْبَرْ » ( لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر) دەيدۇ. مانا بۇ پائالىيەتلەر ئىسلام رۇكنلىرىنىڭ بەشىنچىسى ( بۇنى ئادا قىلىشقا شەرتى توشقان، تېنى ساغلام، بېرىپ كەلگۈدەك ئىقتىسادى بولغان ) ھەر - بىر مۇسلىمانغا ( مەيلى ئەر ياكى ئايال كىشى بولسۇن) پەرىز بولغان ھەج ئىبادىتىدۇر. مەككە مۇكەررەمەدە ھەج پائالىيەتلىرىنى تۈگىتىپ چوڭ ۋە شەرەپلىك بىر پەرىزنى ئادا قىلىپ ئاللاھ‘تائالانىڭ بۈيۈك ساۋابىغا ئىرىشكەندىن كېيىن مەدىنە شەھرىگە بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنى ۋە مۇبارەك قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىش مۇھىم سۈننەتدۇر.

نۇرغۇن كىشلەر ئۆز يۇرتلىرىدىن يىراق - يىراق دۆلەتلەرگە ھەتتا باشقا قىتئەلەرگىمۇ

سەپەر قىلىدۇ. كىملەر بىلەن دېڭىزدا يۈرىدۇ، ئايروپىلان بىلەن ھاۋادا ئۇچىدۇ، خەۋىپ - خەتەرلەرگە ئۇچرايدۇ. بۇ يولدا نۇرغۇنلىغان مال - دۇنيالىرىنى سەرىپ قىلىدۇ. بۇلارنى پەقەت بىر مەزگىل ئارام ئېلىش ۋە ھاۋالىنىش ئۈچۈنلا قىلىدۇ. بارغان شەھەرلەردە ۋاقىت ئۆتكۈزىدۇ. خالاس.

ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ سۈنئى قۇدرىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن سەيلە - ساياھەت قىلىشقىمۇ ئىسلام دىنى تەشۋىق ۋە تەرغىپ قىلىدۇ....

ئاللاھ تائالانىڭ، ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئىمكانىيىتى تولۇق بولغان مۇسۇلمانلارغا ئۆمرىدە پەقەت بىرلا قېتىم ھەجازغا بېرىشنى بۇيرۇشى ۋە ھەجنى پەرىز قىلىشى ئەجەپلىنەرلىك بولمىسا كېرەك. ھەج ئۈچۈن ھەجازغا بېرىش ھاۋالىنىش ۋە ساياھات



ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەۋۋەلقى ئىسلام دۆلىتىنى ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھى كەلگەن ئورۇنلارنى زىيارەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ تائالا ئەۋۋەلقى مۇسۇلمانلارغا ئاتا قىلغان جاھاد، ئىخلاس، شەرىئەتكە ۋاپا قىلىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ئىسلام مەدەنىيىتىنى كۆرسۆتۈش ئۈچۈن ھەجنى پەرىز قىلغان.

ھەج قىلىش بولسا، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنياۋى قۇرۇلتىيىدۇر. ئۇيەرگە دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار توپلىنىدۇ. بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ، تونۇشىدۇ، دوست بولۇشىدۇر. ئومۇمى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈش ئارقىلىق پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق ۋە خاتىرجەملىك

ئورنتىلدۇ.

ئەرپات تېغىدا مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرى بىلەن ئارلىشىپ كىتىدۇ، ئۇلار يالاڭ ئاياق يالىڭاچ بولۇپ دۇنيا نىمەتلىرىدىن پۈتۈنلەي يىراقلىشىپ ھەممىسى بىردەك ئاپ ـ ئاق رەخلەرگە ئورۇنۇپ ھەممە مۇسۇلمان بىرخىل ئاۋازدا: « لَبَّيْكَ اَللهُمَّ لَبَّيْك » ( لەببەيكە ئەللا ھۇممە لەببيك ) ..... دىيىشىپ ئاللاھ' تائالاغا دۇئا قىلىشىدۇ. بۇ يەر ئىنسانغا خۇددى قىيامەتنى ئەسلىتىدۇ.

ھەج ئىبادىتىدە ئىنسانلارغا دىن ۋە دۇنيالىق ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق نەرسىلەر بولۇپ ئۇلارنى بۇيەردە زىكرى قىلىشقا ئورۇن يەتمەيدۇ.

بۇنى تۆۋەندىكى ئايەت كەرىم بىلەن بايان قىلىش كۇپايە قىلىدۇ.



« كىشلەرنىڭ ئارىسىدا ( ئۇلارنى ) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كىلىدۇ. ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كىلىدۇ. كىشلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان ( دىنى ۋە دۇنياۋى ) مەنپەئەتلىرىنى كۆرسۇن، بەلگۈلەنگەن كۈنلەردە ( قۇربانلىق كۈنلىرىدە ) ئاللاھ ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللىرىنى ( تۆگە، قوي، ئۆچكىلەرنى ئاللاھ' نىڭ نىمەتلىرىگە شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن ) ئاللاھ' نىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلسۇن. سىلەر قۇربانلىقلىرىڭلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، مۇھتاج پېقىرلارغا بېرىڭلار» . ھەج سۈرىسى 27 ـ 25 ـ ئايەتلىرى.

## ھەج كىملەرگە پەرىز بولىدۇ؟

ھەج قىلىشقا قادىر بولۇش، ھەجنىڭ رۇكنلىرى: ( پەرىزلىرى )

ھەج مۇسلىمان بولغان، ئاقىل بولغان، بالىغ بولغان، ھەج قىلىشقا قۇدرىتى يەتكەن ۋە ئۇ پۇرسەتكە ئىگە بولغان ھەربىر مۇسلىمانغا پەرىز بولىدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەپ بۇيرۇيدۇ: « قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرىز قىلىندى » ( 3 - سۈرە 97 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى )

بۇ ئايەتكە كۆرە ھەج قىلىش ھەجگە بېرىپ كەلگۈدەك، ھەجگە بېرىپ كەلگۈچە



ئۆيدىكى بالا چاقىلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا يەتكۈدەك ئىقتىساتقا ئىگە بولغان بولۇشى، تەن سالامەتلىكى ياخشى، سەپەر قىيىنچىلىقىغا بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك ساغلام بولغان كىشىلەرگە ھەج پەرىز بولۇدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يول خاتىرجەم بولۇپ ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا ۋە مال - مۈلكىگە ھېچقانداق خەۋۈپ - خەتەر يەتمەيدىغان ھالەتتە بولۇشى شەرت.

ئەمما ئايال كىشىگە يۇقۇرقىدىن باشقا بىر ئەركىشىنىڭ ھەمرا بولۇشى لازىم. ( يولدىشى ياكى نىكاھ قىلىنىشقا بولمايدىغان يېقىن تۇققانلىرىدىن بىرى )

ھەر بىر مۇسلىماننىڭ شەرتى توشقان ھامان ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ، مۇقەددەس زىمىنلارنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى ۋە روھلىرىنى ئىمان مۇھەببىتى بىلەن ھۇزۇرلاندۇرۇشقا،

ئاللاھ' نىڭ رىزالىقىغا ئېرىشىشكە ئالدىرىشى لازىم.

## ھەجنىڭ تۈرلىرى ۋە ھەج قىلىش ۋاختى

بىرىنچى: ھەج ئايلىرى: شەۋۋال، زۇلقەدە ۋە زۇلھەجنىڭ 10 ـ كۈنلىرىگە قەدەر بولۇدۇ.

ئىككىنچى: ھەج ئۈچ تۈرلۈك بولۇدۇ.

1 ـ تەمەتتۇ، 2 ـ ئىپراد 3 ـ قىران.

1 ـ) « تەمەتتۇ». بۇ ھەج ئايلىرىدا ئۆمرىگە ئېھرام باغلاپ ئۆمرىدىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىپ، ھەجگە قايتا ئېھرام باغلاپ ئادا قىلىدىغان ھەج بولۇپ بۇ ئەڭ ئەۋزەل ھەج سانىلىدۇ.

2 ـ) « ئىپراد ». بۇنىڭدا ھەج ئايلىرىدا ھەجگە ئېھرام باغلاپ كېلىپ كەبىنى تاۋاپ



قىلىدۇ ۋە ھەجگىچە ئېھرامدىن چىقماي شۇ ئېھرام بىلەن ھەجنى ئادا قىلىدۇ.

3 ـ) « قىران » بۇنىڭدا ھەج ئايلىرىدا ھەج ۋە ئۆمرىگە بىرلا ئېھرام باغلاپ مەككىگە كەلگەندىن كېيىن ئۆمرە قىلىدۇ. ئەمما ئېھرامدىن چىقماي يەنە ھەج قىلىپ ئۇندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىدۇ.

## ئۆمرە قىلىش ئۇسۇلى

ئۆمرە سۈننەت ئىبادىتى بولۇپ ھەجگە ئېھرام باغلىمىغان چاغلاردىن باشقا ھەرقانداق چاغدا ئادا قىلىشقا بولۇدۇ.

ئۆمرە قىلماقچى بولغان كىشى مىقاتتىن ئېھرام باغلاپ ( مىقات، ئېھرام باغلاش ئۈچۈن بەلگۈلەنگەن مەخسۇس چېگرا بولۇپ ئۆيەردىن ئېھرامسىز ئۆتۈشكە بولمايدۇ، ھازىر

ئىھرام كۆپىنچە ئايرۇپىلاندا باغلىنىدۇ.) ئۆمرە نىيىتى قىلىپ مەككىگە كەلگەندىن كېيىن كەبىنى 7 قېتىم تاۋاپ قىلىپ، سەپا ـ مەرۋە ئوتتۇرىسىدا 7 قېتىم يۈرۈپ بولغاندىن كېيىن باشنى چۈشۈرۈپ ( ئايال كىشى چېچىنىڭ ئۇچىدىن ئازراق كېسىدۇ. ) ئىھرامدىن چىقىدۇ.

ئۆمرىنىڭ شەرتى ھەجنىڭ شەرتىگە ئوخشاش.

قوشۇمچە: ھەج قىلماقچى بولغان كىشى

ئۆمرە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىھرامدىن چىقىپ ھەج كۈنىگىچە كۈتۈپ تۇرۇپ ھەج كۈنى كەلگەندە مەككىدە تۇرغان يېرىدىن ھەجگە ئىھرام باغلاپ مىناغا چىقىدۇ.



## ھەجنىڭ پەرزلىرى

**1 ـ ئىھرام باغلاش:**

ھەجگە نىيەت قىلىپ ئىككى پارچە ئىھرامنىڭ بىرسىنى بەلنىڭ ئاستى تەرەپكە باغلاش، يەنە بىرىنى گەردەننىڭ ئاستىدىن تارتىپ بەدەننى يۆگەش ( تاۋاپ قىلغاندا ۋە ساپامەرۋە ئوتتۇرىسىدا يۈرگەندە ئوڭ قولنى ئۆشنىسى بىلەن ئوچۇق قويۇپ ئىھرامنى قولتۇقىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزىدۇ ). ئايال كىشى كەڭرەك ئازادە كىيىم تىكىپ شۇنى ئىھرام قىلىپ كىيىدۇ.

ئىھرام باغلىغان كىشى تۆۋەندىكى سۈننەتلەرگە ئەمەل قىلىشى لازىم.

ئىھرام باغلاشتىن بۇرۇن تىرناقلىرىنى ئېلىش،

قولتۇق ۋە ئۇرەت ئۈكلىرىنى تازلاش، غۇسلى قىلىش، پەقەت بولمىغاندا كامىل تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش لازىم. نامازنىڭ بىرىنچى رەكئىتىگە قۇليا سۈرىسىنى ئىككىنچى رەئىكەتكە ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇش ياخشى. ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەج نىيىتى قىلىپ مۇنداق دېيىش لازىم.

« اَللّٰهُمَّ اِنِّي اُرِيْدُ الْحَجَّ فَيَسِّرْهُ لِي وَ تَقَبَّلْهُ مِنِّيْ » ( ئى ئاللاھ مەن ھەجگە نىيەت قىلدىم. ئۇنى ماڭا ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەيسەن ۋە ئۇنى مەندىن قوبۇل قىلغايسەن ) دېيىش. ئىھرام ئىچىدە دۇرۇت، دۇئا ۋە ئايەتلەرنى كۆپ ئوقۇش لازىم.



## 2 ـ ئەرەپاتتا تۇرۇش:

ھەجگە نىيەت قىلىپ ھىجازغا كەلگەندە ھەر بىر مۇسلىمانىنىڭ زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 ـ كۈنى كۈن چىققاندىن كېيىن ئەرپاتقا چىقىپ كۈن ئېگىلەنگەن چاغدىن، ئاخشام كۈن ئولتۇرۇپ كەتكۈچە ئەرەپاتتا تۇرۇش ھەجنىڭ ئىككىنچى پەرزى. ئەرەپاتقا چىققان كىشىنىڭ ئەرەپات تېغىغا چىقىشى شەرت ئەمەس. بەلگۈلەنگەن يەردە تۇرۇپ دۇئا ئىستىغپار بىلەن بولۇش لازىم.

## 3 ـ تاۋاپ قىلىش:

ئەراپاتتىن كېيىن ھەرەمگە كىرىپ كەبىنى 7 قېتىم تاۋاپ قىلىش ھەجنىڭ 3 ـ پەرىزىدۇر. بۇ تاۋاپ « تاۋابۇل ئىبازە » دەپ ئاتىلىدۇ.

### 4 ـ سەئى قىلىش:

سەئىي قىلىش بولسا، سەپا مەرۋە ئوتتۇرىسىدا 7 قېتىم يۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ بۇ ھەجنىڭ پەرىزلىرىدىن 4 ـ پەرزىدۇر.

## ھەجنىڭ ۋاجىپلىرى

1 ـ ) مىقاتتىن ئېھرام باغلاپ كىلىش.
2 ـ ) شەيتانغا تاش ئېتىش.
3 ـ ) مۇزدەلىپىدە بىر مەزگىل تۇرۇش.
4 ـ ) قۇربان ھېيتنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كۈنلىرى مىنادا قونۇش.
5 ـ ) باشنى چۈشۈرۈش ياكى قىسقارتىش.
6 ـ ) ۋىدا تاۋاپى قىلىش. ( يۇرتىغا قايتىش ۋاقتىدا كەبىنى تاۋاپ قىلىش. )



7 ـ ) ھەجنى بۇزۇدىغان ئامىللاردىن ساقلىنىش.

### ھەجنىڭ پەرىزلىرى بىلەن ۋاجىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقى:

« ھەجنىڭ پەرىزلىرىدىن بىرى تەرك قىلىنسا ھەج بۇزۇلۇدۇ ». كىلەركى يىلى يىڭىدىن باشقا ھەج قىلىش لازىم.

ھەجنىڭ ۋاجىپلىرىدىن بىرى تەرىك قىلىنسا ھەج بۇزۇلمايدۇ، ئەمما پىدىيە بېرىش لازىم بولۇدۇ.

### پىدىيە:

بىر قوچقار قۇربانلىق قىلىپ سادىقە قىلىش، ئۇنىڭغا قۇدرىتى يەتمىسە، ئۇنىڭ بەدىلىگە ھەجدە ئۈچ كۈن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ

كەلگەندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتماقلۇر.

## ھەجنىڭ سۈننەتلىرى

1 ـ ) ئىھرامدا تەلبىيە ئېيتىش ( لەببەيك ئاللاھ ھۇممە .... دېيىش )

2 ـ ) مەككىگە يېتىپ كەلگەن ھامان كەبىنى تاۋاپ قىلىش ( بۇ تاۋاپى قۇدۇم دېيىلىدۇ )

3 ـ ) تاۋاپتىن كېيىن ماقامى ئىبراھىمدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش.

4 ـ ) تاۋاپ بىلەن سەئىينى ئارقا ـ ئارقىدىن قىلىش.

5 ـ ) مۇمكىن قەدەر تاۋاپ سەئىينى ميكېپ قىلىش.

6 ـ ) مۇزدەلىپىدە ناماز شام بىلەن خۇپتەننى، خۇپتەن ۋاقتىدا بىرگە ئوقۇش.

7 ـ ) شەيتانغا تاش ئېتىشنى ئاخشامغا



كېچىكتۈرمەسلىك.

8 ـ ) تاش ئېتىش، قۇربانلىق قىلىش ۋە باش چۈشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى تەرتىپ بىلەن قىلىش. ( بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى قىلىش )

9 ـ ) تاۋابۇل ئىپازىنى تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن قىلىش. ( بىرىنچى كۈندىكى تاش ئېتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ ) قاتارلىقلاردۇر.

## ئىھرام ئىچىدە ساقلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر:

1 ـ ) ئىھرام باغلىغان كىشى تىكىلگەن ھەرقانداق بىرنەرسە كەيمەسلىكى، پۇتىغا تىكىلمىگەن ئاياغ كېيىشى.

2 ـ ) ھەرقانداق ئەترە ۋە خۇشپۇراق بويۇملارنى ئىشلىتىش قىلماسلىقى.

3 ـ ) ئىھرام ئىچىدە نىكاھلانماسلىقى،

باشقىلارنىمۇ ئىكالاپ قويماسلىقى ۋە ئاياللارغا خىرىدارلىق قىلماسلىقى.

4 ـ ) جىنسى ئالاقە قىلماسلىقى ۋە ئايالى بىلەن بىر يەردە ( قۇچاق لىشىپ ) ياتماسلىقى.

5 ـ ) باشقىلار بىلەن جەڭگى ـ جېدەل قىلماسلىقى، ھەرقانداق يامان ئىشلاردىن ساقلىنىشى لازىم.

ئاللاھ تائالا بۇ توغرىدا بىزگە مۇنداق دەپ بۇيرۇيدۇ: « بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان ( يەنى ئېھرام باغلىغان ) ئادەمنىڭ جىنسى ئالاقە قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ ». (قۇرئان كەرىم 2 ـ سۈرە 197 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى )

6 ـ ) ھەر قانداق بىر جانلىق نەرسىنى ئۆلتۈرمەسلىكى.

7 ـ ) ئېھرام ئىچىدە ئەرلەر بېشىنى يۆگەش،



ئاياللار يۈزىنى يۆگەش، چاچ ۋە قولتۇق تۈكلىرىنى ئېلىش ياكى تىرناقلىرىنى ئېلىشتەك ئىشلاردىن ساقلىنىشى لازىم.

## ھەجنىڭ پەزىلەتلىرى

ھەر بىر مۇسلىماننىڭ شەرتى توشۇپ ھەج قىلىش پۇرسىتىگە ئېگە بولغان ھامان دەرھال ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشقا ۋە ئاللاھ'نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشكە ئالدىرىشى لازىم.

ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئەمەللەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەۋزەل؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبىرىمىز: « ئاللاھ'غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش » دېدى. ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دېگەندە « ئاللاھ'يولىدا جاھاد قىلىش » دېدى.

ئۇنىڭدىن قالىسچۇ؟ دىگەندە « قوبۇل بولغان ھەجدۇر » دەپ جاۋاپ بەرگەن. ( ھەدىس شرىپدىن )

ئەبۇ ھۇرەيرە ( ر. ئە ) ئىسملىك ساھابى پەيغەمبىرىمىزدىن ئۇشبۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: « بىر كىشى جىنسى ئالاقە قىلماي ( ئىھرام ئىچىدە ) ۋە جەڭگى - جىدەل قىلماي ھەج قىلسا ئانىدىن تۇغۇلغاندەك ( گۇناھدىن پاك بولۇدۇ ) بولىدۇ » ( ھەدىس شرىپدىن )

ئەبۇ ھۇرەيرە ( ر. ئە ) دىن بۇ توغرىدا ئىككىنچى ھەدىس: « بىر ئۆمرە، يەنە بىر ئۆمرە ئوتتۇرسىدىكى گۇناغا كاپارەتدۇر، قوبۇل بولغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى جەننەتدۇر ».



ۋە يەنە ئەبۇ ھۇرەيرە ( ر. ئە ) دىن:

« ھەج ئۆچۈن پۇل چىقىم قىلىش ئاللاھ' يولىدا پۇل چىقىم قىلغانلىقدۇر. ھەج ئۆچۈن سەرىپ قىلىنغان بىر دەرھەمنىڭ 700 ھەسسە ئارتۇق ساۋابى بولىدۇ ». (ھەدىس)

## ھەج قىلىش ئۇسۇلى.

ھاجىلار مىقاتىقا يىتىپ كەلگەن ھامان ھەج ياكى ئۆمرە نىيىتى قىلىپ « اَللّٰهُمَّ اِنِّى نَوَيْتُ الْاِحْرَامَ لِحَجِّ بَيْتِكَ الْمُعَظَّمَ فَيَسِّرْهُ لِى وَ تَقَبَّلْهُ مِنِّى » دەپ ئىھرام باغلايدۇ. ئىھرام باغلاشتىن بۇرۇن تىرناقلارنى ئېلىش، قولتۇق، ئۆرەتلەرنىڭ تۈكلىرىنى تازىلاش، چاچلارنى يۇيۇپ غۇسلى قىلىپ، ئىھرام نىيىتى قىلىپ

ئككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ.

ئهرام باغلاشتا: ئەرلەر بارلىق تكىلگەن كيىملەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، پۇتىغا تكىلمىگەن ئاياق كيىپ كۆرسۈتۈلگەن بويىچە ئهرام باغلايدۇ، ئايال كىشى ئازادە تكىلگەن ئۆزىنىڭ كيىمىنى ئهرام قىلىپ كيىدۇ، يۈزىنى ئوچۇق قويۇدۇ ۋە تەلبىيە ئېيتىدۇ.

تەلبىيە مۇنداق: « لَبَّيْكَ اَللّٰهُمَّ لَبَّيْكَ o لَبَّيْكَ لَاشَرِكَ لَكَ لَبَّيْكَ o اِنَّ الْحَمْدَ وَ النِّعْمَتَ لَكَ وَالْمُلْكَ لَاشَرِكَ لَكَ ». بۇ تەلبىيىنى مەككىگە يېتىپ كەلگەنگە قەدەر تەكرارلايدۇ. مەككىگە كەلگەن ھامان: « اَللّٰهُمَّ اِنَّ هٰذَا الْحَرَمَ حَرَمُكَ وَالْاَمْنَ اَمْنُكَ وَالْعَبْدَ عَبْدُكَ o اَللّٰهُمَّ اِنِّى جِئْتُكَ مِنْ بِلَادٍ بَعِيْدَةٍ بِذُنُوْبٍ كَثِيْرَةٍ



رَاجِيًا أَنْ تَسْتَقْبِلَنِىْ بِمَحْضِ عَفْوِكَ وَكَرَمِكَ o وَأَنْ تَحْرُمَ جَسَدِىْ عَلَى النَّارِ o وَصَلَّى اللهُ عَلٰى سَيِّدِنَا مُحَمَّدٍ وَعَلٰى آلِهِ وَصَحْبِهِ وَسَلَّمَ » دەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا دۇئا ۋە زىكىرلارنى كۆپ ئوقۇيدۇ.

ھەرەمگە يېتىپ كەلگەن ھامان كەبىنى تاۋاپ قىلىدۇ. بۇ « تاۋابى قۇدۇم » دەپ ئاتىلىدۇ. تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىش، بەدەنىنىڭ ۋە ئىهرامىنىڭ پاكىزى بولۇشى لازىم. تاۋاپ قىلغاندا باشقىلار بىلەن سۆزلەشمەسلىك، دۇئا ۋە زىكىر بىلەن مەشغۇل بولۇش كېرەك.

ئايال كىشى ھەيىزدار ياكى نىپاس ( تۇغۇتلۇق ) بولسا، تاۋاپنى كېچىكتۈرىدۇ، ئەمما ھەجنىڭ باشقا پائالىيەتلىرىنى قىلىۋېرىدۇ.

## — ھەرەمگە كىرىش —

ھەرەمگە يېتىپ كەلگەندە: « أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ ۝ اَللّٰهُمَّ اَنْتَ السَّلَامُ ...... » دەپ بابۇ سالام دەرۋازىسىدىن كىرىش ۋە ھەجەرىل ئەسۋەتنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، « بِسْمِ اللَّهِ، اَللهُ اَكْبَرْ وَلِلَّهِ الْحَمْدُ » دەپ ھەجەرىل ئەسۋەتتىن باشلاپ، 7 قېتىم كەبىنى تاۋاپ قىلىدۇ. ( تاۋاپ ۋە سەئىي قىلغاندا بىر دۇئا كىتابى ئېلىۋېلىپ شۇنى ئوقۇپ ياكى باشقىلار ئوقۇسا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوقۇش ياخشى )

7 - قېتىملىق تاۋاپتىن كېيىن ھەجەرىل ئەسۋەتنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ « رَبَّنَا آتِنَا.... » ۋە باشقا دۇئالارنى ئوقۇپ، ئۇ يەردىن ماقامى ئىبراھىمغا كېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلىپ، ئۇ يەردىن قايتىپ زەمزەم



سۈيىنى ئىچىپ سەئىي قىلىش يېرىگە كېلىدۇ.

## — سەئىي قىلىش —

( سەپا مەرۋە ئوتتۇرىسىدا يۈرۈش دىمەكتۇر ).

سەئىي قىلغۇچىلار سەپاتېغىغا كېلىپ كەبىگە قاراپ تەھلىل ۋە تەكبىر ئېيتىپ مەرۋە تەرەپكە كېلىدۇ. مەرۋىگە كېلىپ يەنە كەبىگە قاراپ تەكبىر ئېيتىپ سەپا تەرەپكە يۈرۈدۇ، مانا بۇ تەرىقىدە، مەرۋىدە 7 - قېتىملىق يۈرۈش تاماملىنىدۇ. ( ئىككى يېشىل چىراق ئوتتۇرىسىدا تېزراق يۈرۈش لازىم ) تاۋاپ ۋە سەئىي قىلغان كىشى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان بولسا، بېشىنى چۈشۈرىدۇ ۋە ئېھرامدىن چىقىدۇ، ھەجگە باشقا ئېھرام باغلايدۇ. ئەگەر ھەج ۋە ئۆمرىگە (ھەج قىرانغا ) ياكى ھەج ئىپراتقا ( يالغۇز ھەجگە ) ئېھرام باغلىغان بولسا، بېشىنى

چۈشۈرمەيدۇ ۋە ئىھرامدىن چىقماي ھەج كۈننى كۈتىدۇ.

## ـ ئەرەپاتتا تۇرۇش ـ

ھاجىلار زۇلھەججىنىڭ 8 ـ كۈنى ئەتىگەندە مەككىدە تۇرغان يېرىدىن تاھارەت ئېلىپ ئىھرام باغلاپ ( ئەگەر تەمەتتۇ ھەج قىلماقچى بولۇپ ئۆمرىدىن كېيىن ئىھرامدىن چىققان بولسا ) مىناغا چىقىدۇ. شۇ كۈنى مىنادا پېشىن، ئەسىر، ناماز شام، خۇپتەمنى ۋە بۇ كىچە مىنادا قونۇپ ئەتىسى بومدات نامىزىنى مىنادا ئوقۇيدۇ. ( بۇ بەش ۋاخ نامازنى مىنادا ئوقۇماق سۈننەتتۇر. )

ئەتىسى كۈن چىققاندىن كېيىن مىنادىن ئەرەپاتقا بارىدۇ. زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 ـ كۈنى كۈن تىكلەنگەندىن كېيىن ناماز شامغىچە ئەرەپاتتا تۇرىدۇ. بۇ كۈنى ئەرەپاتتا تۇرمىغان



ئەرەپاتتا تۇرىدۇ. بۇ كۈنى ئەرەپاتتا تۇرمىغان كىشىنىڭ ھەججى ھەج بولمايدۇ. ئەرەپاتتا ۋە مىنادا ھەركىم ئۆزىنىڭ بىلگەن دۇئاسىنى ئوقۇيدۇ ۋە خالىغان دۇئا تەلەپتە بولسا بولىدۇ. ئاللاھ‘دىن كۆپ رەھمەت ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. ھاجىلار ئەرەپات تېغى ئەتراپىدا مۇۋاپىق بىر يەردە تۇرسا بولىدۇ. تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىش شەرت ئەمەس. ئەرەپات كۈنى، ئەرەپاتتا ناماز پېشىن بىلەن ئەسىرنى بىرگە جامائەت بىلەن قەسىر قىلىپ ( پېشىن ۋاقتىدا) ئوقۇيدۇ. ئىمام خۇتبە ئوقۇپ بېرىدۇ، جامائەت ئۇنى تىڭشايدۇ. كۈن ئولتۇرغۇچە ئەرەپاتتا ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ ( ئەرەپاتتىن كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن قايتماسلىق لازىم ) كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن مۇزدەلىپىگە كېلىدۇ ، مۇزدەلىپدە ناماز

شام بىلەن خۇپتەمنى خۇپتەم ۋاقتىدا بىرگە ئوقۇيدۇ. بۇ كېچىنى مۇزدەلىپىدە ئۆتكۈزىدۇ. مۇزدەلىپەدىمۇ دۇئا، تەكبىر، تەھلىل بىلەن بولۇش لازىم. بۇ ۋاقىت، دۇئا'نىڭ ئىجابەت بولۇدىغان ۋاقتىدۇر. مانا بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك لازىم. شەيتانغا ئاتىدىغان تاشنى مۇزدەلىپىدىن تېرىپ ئالىدۇ. تاشنى ئىككى كۈن ياكى ئۈچ كۈن ئاتىدۇ. ئۈچ كۈن ئاتماقچى بولسا 70 دانە، ئىككى كۈن ئاتماقچى بولسا 49 دانە تاش ئالىدۇ. زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى بومدات نامىزىنى مۇزدەلىپىدە ئوقۇيدۇ. كۈن چىققاندىن كېيىن مۇزدەلىپىدىن مىناغا كېلىدۇ. مىنادىن شەيتانغا تاش ئاتىدىغان يەرگە كېلىدۇ ۋە چوڭ شەيتانغا 7 دانە تاش ئاتىدۇ. ھەر ـ بىر تاشنى اَللّٰهُ اَكْبَرْ.... اَللّٰهُ اَكْبَرْ.... دەپ ئاتىدۇ ۋە بۇدۇئانى ئوقۇيدۇ: « اَللّٰهُمَّ



اجْعَلْهُ حَجًّا مَبْرُورًا وَسَعْيًا مَشْكُورًا وَذَنْبًا مَغْفُوْرًا » بۇ كۈنى بۇ 7 تاشتىن باشقا تاش ئاتمايدۇ. تاشنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن قۇربانلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بېشىنى چۈشۈرتىدۇ. ئايال كىشى چېچىنى قىسقارتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىدۇ ۋە شۇ كۈنى مەككىگە كىرىپ كەبىنى 7 قېتىم تاۋاپ قىلىدۇ. ( بۇ تاۋابۇل ئىپازە دېيىلىدۇ ) بۇ نىڭسىز ھەج، ھەج بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ساپا مەرۋە ئوتتۇرىسىدا يۈرۈيدۇ.

ئاللاھ'تائالا مۇنداق دەپ بۇيرۇيدۇ : ﴿ قەدىمى بەيت ﴾ « بەيتۇللاھ'نى تاۋاپ قىلسۇن ». ( ھەج سۈرىسى 29 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى ) بۇنىڭ بىلەن ھەجنىڭ رۇكنلىرى تامام بولۇدۇ. ئېھرامدا هارام قىلىنغان نەرسىلەر هالال بولىدۇ. كەبىنى تاۋاپ قىلىپ سەپامەرۋە

ئوتتۇرسىدا يۆرۈپ بولغاندىن كېيىن مىناغا قايتىپ چىقىپ، ئالدىرىمىسا زۇلھەججىنىڭ 11 ـ 12 ـ 13 ـ كۈنلىرى، ئالدىرىسا 11 ـ 12 ـ كۈنلىرى مىنادا تۇرۇپ، 3 شەيتانغا ھەركۈنى ھەر ـ بىرىگە ( پېشىن دىن كېيىن ناماز شامدىن بۇرۇن ) 7 دىن 21 دانە تاش ئاتىدۇ. 2 كۈن ئاتسا 49، 3 كۈن ئاتسا 70 تاش ئېتىلىدۇ. 3 كۈن ئېتىش ئەۋزەلدۇر.

ئاللاھ‘ تائالا مۇنداق دەپ بۇيرۇيدۇ: ﴿ ساناقلىق كۈنلەردە ( يەنى تەشرىق كۈنلىرىدە ) ئاللاھ‘نى ياد ئېتىڭلار ( يەنى ناماز لىرىڭلارنىڭ ئاخىرىدا تەكبىر ئېيتىڭلار ) ، ( مىنادىن ) ئالدىراپ 2 كۈندە قايتقان ئادەمگە ھېچ گۇنا بولمايدۇ. تەخىر قىلىپ قايتقان ئادەمگىمۇ ھېچ گۇنا بولمايدۇ. ( يۇقۇرقى ئەھكاملار ) تەقۋادارلىق قىلىپ ( ھەججنى تولۇق



ئادا قىلماقچى بولغان ) ئادەم ئۈچۈندۇر ﴾ ( بەقەرە سۈرىسى 203 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى )

شۇنىڭ بىلەن ھەج پائالىيەتلىرى تۈگەيدۇ.

قايتىش ۋاختىدا يەنە بەيتۇللاھ‘نى تاۋاپ قىلىدۇ. بۇ تاۋابۇل ۋىدا دېيىلىدۇ.

بۇ پائالىيەتلەردىن كېيىن مەدىنە مۇنەۋۋەرنى زىيارەت قىلىش سۈننەتتۇر.

قوشۇمچە: ھەج قىلىش ئۇسۇلىدا سۆزلەنگەن ئېھرام باغلاش، ئەراپاتتا تۇرۇش، تاۋاپ قىلىش ( تاۋابۇل ئىپازە) ۋەسەئى قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ھەجنىڭ پەرزلىرى بولۇپ، قالغانلىرى ھەجنىڭ ۋاجىپ ۋە سۈننەتلىرىدۇر.

## مەدىنە مۇنەۋۋەرنى زىيارەت قىلىش

ئىنسانلارنى ھىدايەتكە باشلاپ، ئۇلارنىڭ

قەلبىنى ئىمان نۇرىغا توشقۇزغان، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنى ۋە مۇبارەك قەۋرىلىرىنى زىيارەت قىلىش، بۈيۈك ئىبادەت ۋە ساۋاپلىق ئەمەلدۇر.

پەيغەمبىرىمىز ( س. ئە. ۋ.): «مېنىڭ مەسجىدىمدە ئوقۇغان بىر ناماز، باشقا مەسجىدتە ئوقۇغان مىڭ نامازدىن ئەۋزەلدۇر، پەقەت مەسجىدى ھەرەمدە ئوقۇغان ( بەيتۇللاھ‘دا) بىر ناماز باشقا مەسجىدلەردە ئوقۇغان يۈز مىڭ نامازدىن ئەۋزەلدۇر» دېگەن.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسجىدى ۋە قەۋرىلىرىنى زىيارەت قىلىشنىڭ ئەدەپ قائىدىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش لازىم.

بۇلار تۆۋەندىكىچە:



1 - ) زىيارەتكە بارماقچى بولغان كىشى مەدىنىگە يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن غۇسلى قىلىپ، پاكىزە چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، خۇشپۇراق بويۇملارنى ئىستىمال قىلىش.

2 - ) پەيغەمبىرىمىز ( س. ئە. ۋ) گە كۆپ دۇرۇت ئېيتىش. بۇھەقتە قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ‘ تائالا مۇنداق دەپ بۇيرۇيدۇر: ﴿ ئى مۆمىنلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار، چۈنكى راسۇلۇللاھ‘نىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر. ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلۇمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر.﴾ ( ئەھزاپ سۈرىسى 56 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى )

3 - ) يېقىر - پۇقەرا، يېتىم - يېسىرلارغا سەدىقە قىلىش لازىم.

4 ) مەسجىتكە كىرگەندە قەۋرە شىرىپ

بىلەن مۇنبەرنىڭ ئارلىقىدا ( پەيغەمبىرىمىز ناماز ئوقۇغان يەردە ) ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش، قىبلىگە قاراپ ئۆزى ۋە باشقا مۇسلىمانلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش.

5 ـ ) پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەۋرىسىگە قاراپ كېلىپ 4 گەز يىراقلىقتا قىبلىگە قاراپ ئەدەپ ۋە ھۆرمەت بىلەن : « اَلسَّلَامُ عَلَيكَ يَا رَسُولَ اللهِ • اَلسَّلَامُ عَلَيكَ يَا نَبِيَّ اللهِ • اَلسَّلَامُ عَلَيكَ يَاحَبِيْبَ اللهِ • اَلسَّلَامُ عَلَيكَ يَا سَيِّدَالْمُرسَلِينَ • اَشْهَدُ اَنْ لَاالِهَ اِلَّاالله وَاَشْهَدُ اَنَّكَ عَبْدُ هُ وَرَسُلُهُ » دەپ سالام بېرىش.

6 ـ ) ئۇنىڭدىن كېيىن ئوڭ تەرەپكە كېلىپ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر ( ر . ئە ) گە سالام بېرىش لازىم.



7 ـ ) پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسجىدىدە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلىمەسلىك ۋە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋاقىراپ دۇئا قىلماسلىق، قەۋرىنى سىلاپ بۆسە قىلماسلىق ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەۋرىدىن مەدەت ۋە شاپائەت تىلىمەسلىك لازىم. مەدىنىدە تۇرۇش جەريانىدا كۆپ ناماز ئوقۇش، دۇئا ۋە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش، مەسجىدى قۇبا، ئۇھۇدلارنى زىيارەت قىلىش لازىم.

زىيارەتتىن كېيىن بۇررۇنقىدەكلا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ پەيغەمبىرىمىزگە دۇرۇت ئېيتىش، پۈتۈن مۇسلىمانلارنىڭ مەغپىرىتى، تەۋپىق ھىدايىتى ۋە ياخشى ئەمەللىرىنى قىلىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ ۋىدالىشىپ قايتىش لازىم.

يازغۇچى: ئابدۇلجېلىل تۇران
1995 .01. 03 . ئىستانبۇل • تامام

ئادرىس:
**Abdulcelil Turan**
**Yeni dogan mh. 41- Sok. 7/4**
**Zeytunburunu**
**Istanbul**
**Tel: 0090/ 212 / 558 40 92**

تەھرىرلىگۈچى ۋە كومپيۇتېرگە ئالغۇچى:
ئابدۇلجېلىل قارقاش

**Germany München**